# شەرقى تۈركىستان سۈرگۈندى ھۆكۈمىتى

## ئالىي رەھبەرلىك ھەيئىتى

**2019. 09. 16**

**بەزى شەخسلەرنىڭ شەرقى تۈركىستان ھۆكۈمىتى نامىنى سۇ'ئىستىمال قىلىۋاتقانلىقى توغرىسىدا بايانات**

شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ سۈرگۈندى ھۆكۈمىتى تاكى دۆلىتىمىز رەھىمسىز خىتاينىڭ مۇستەملىكىسىدىن قۇتۇلغانغا قەدەر شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ بىردىنبىر ۋەكىلى بولۇش نىشانى بىلەن، 2004-يىل 14-سېنتەبىردە ۋاشىنگىتوندا قۇرۇلغان. بۈگۈن، شەرقى تۈركىستان سۈرگۈندىكى ھۆكۈمىتىدە ئون نەچچە دۆلەتتىن تەركىپ تاپقان 60 دىن ئارتۇق پارلامېنت ئەزالىرى، شەرقى تۈركىستانىنىڭ مۇھاجىرەتتىكى جاما'ئىتىگە ۋەكىللىك قىلىۋاتىدۇ.

ناھايىتى ئەپسۇس، شەرقى تۈركىستان سۈرگۈندى ھۆكۈمىتى ۋە ئۇنىڭ ۋەكىللىرى ھەققىدە بەزى خاتا چۈشەنچىلەر مەۋجۇت. بولۇپمۇ، ئىككى شەخس ئۆزىنى شەرقى تۈركىستان سۈرگۈندى ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرى دەۋالغان، نەتىجىدە شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ مەنپە'ئەتىگە مۆلچەرلىگۈسىز زىيان بولۇۋاتىدۇ.

بىرىنچى، ئەنۋەر يۈسۈپ تۇرانى ئەپەندى، تۆت يىللىق مۇددەت بىلەن شەرقى تۈركىستان سۈرگۈندىكى ھۆكۈمىتىنىڭ باش مىنىستىرى بولۇپ سايلانغان. 2006-يىلى، ۋەزىپە مۇددىتى توشۇشتىن بۇرۇن، شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قانۇنى 4- ماددىسىغا خىلاپلىق قىلغانلىقى سەۋەپلىك، پارلامېنت تەرىپىدىن بىردەك ئاۋاز بېرىلىپ قالدۇرۇلغان ئىدى. مەزكۈر قانۇندا شەرقى تۈركىستان سۈرگۈندىكى ھۆكۈمىتى ۋە پارلامېنتىدىكى ھەرقانداق ۋەكىلنىڭ، ھەر قانداق شارا'ئىتتا خىتاي ياكى خىتاينىڭ مۇستەملىكە زېمىنلىرىنى زىيارەت قىلىشى چەكلەنگەن.

تۇرانى ئەپەندى قانۇنى تەرتىپ بىلەن قالدۇرىلغىنىغا قارشى- ئۆتكەنكى 13 يىلدا- ئۆزىنى ئۇدا شەرقى تۈركىستان سۈرگۈندىكى ھۆكۈمىتىنىڭ باش مىنىستىرى جاكارلاپ كەلدى.

ئەڭ جىددىسى، تۇرانى ئەپەندى شەرقى تۈركىستانلىق بولمىغانلارنى ئۆزى ئاتىۋالغان «كابىنېت»قا قوبۇل قىلغان. يېقىندا، ئۇ مۇھەممەت نۇرۇللا چېتىن ئىسىملىك تۈرك شەخسنى ئۆزىنىڭ « مۇداپى'ئە مىنىستىرى» ئېلان قىلغان. بۇندىن باشقا، ئىگىلەنگەن ئەھۋاللاردىن قارىغاندا چېتىن ئەپەندى، سۈرىيەدە ھەرىكەت قىلىدىغان چېچەنلەر ۋە تۈركمەنلەردىن تەركىپ تاپقان جىھاد گۇرۇپپىسىغا ئالاقىدار ئىكەن. بۇ كىشى چېچەن گۇرۇپپىسىدا «تۈركىيە شەرەپ كونسۇلى» بولغان ئىكەن.

ئۇندىن باشقا، تۇرانى ئەپەندى ۋەزىپىدىكى ۋاقتىدا 2004-يىل نويابىردا تىزىمغا ئېلىنغان، تۇرانى تەرىپىدىن باشقۇرۇلۇۋاتقان تور بەتلەرنىڭ بىرىدە، تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسىنىڭ كىشىلەرنى جىھادقا ئۈندىگەن تەشۋىقات ۋىدى'ئولىرى قويۇلغان. تۇرانى ئەپەندىنىڭ بارلىق بىخەستە پا'ئالىيەتلىرى قانۇنىمىزنىڭ 30-ماددىسى-باش مىنىستىرنىڭ ۋەزىپە مۇددىتى پەقەت ئىككى قېتىم تۆت يىل بولۇدۇ (تۇرانى ئەپەندى ئەگەر قالدۇرۇلمىغان ئەھۋالدىمۇ) غانلىقى ھەققىدىكى مەزمۇنغا خىلاپ بولۇپلا قالماي، شەرقى تۈركىستان سۈرگۈندى ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت تېرورلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ھەرقانداق ئاتاقتىكى تېرورلۇققا قارشى بولغان، تېچلىقپەرۋەرلىكنى ئاساس قىلغان سىياسىتىگە ۋە «بىرلا دۈشمەن (خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى)، بىرلا نىشان» شەرقىي تۈركىستانىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش)تىن ئىبارەت تۈپ سىياسىتىگە خىلاپ. شۇنى ئېنىق جاكالايمىزكى، شەرقىي تۈركىستان سۈرگۈندى ھۆكۈمىتىنىڭ يەرشارىنىڭ ھەرقانداق بىر يېرىدىكى ئىسسىق تۇقتىلاردا چېتىشىۋاتقان گورۇپىلار بىلەن ئالاقىسى يوق، ھىسسىداشلىق ياكى تەرەپدارلىقىمۇ يوق. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ «بىر دۈشمەن، بىر نىشان» سىياسىتىمىز بىلەن سىغىشالمايلا قالماي، دۇنيا تېچلىقىغا بولغان ئارزۇمەنلىكىمىز، ھەتتا دۇنيا تېنچلىقىنىڭ ئاۋانگارد جەڭچىسى بولۇشقا تەييار تۇرۇشتەك تەشەببۇسىمىز بىلەنمۇ سىغىشالمايدۇ.

ئىككىنچى شەخس تۈركىيىدىكى ئىسمائىل چىڭگىز ئەپەندى، سۈرگۈندى ھۆكۈمەتتە 2009-يىلدىن تاكى چېكىندۈرۈلگەن 2019-يىل 21-ئاپرېلغا قەدەر باش مىنىستىرلىق ۋەزىپىسى ئۆتىگەن. مەلۇم باياناتتا شەرقى تۈركىستاننى «خىتاينىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» دەپ ئاتاپ، پۈتكۈل سىياسىي داۋامىزنىڭ مەنىسىنى يوققا چىقارغان ۋە خاتالىقنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن چېكىندۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ناتوغرا قىلمىشى ۋە قانۇنىي تەرتىپ بويىچە چېكىندۈرۈلگەندىن كېيىنكى ئايلاردا-تۇرانى ئەپەندىگە ئوخشاش-ئۆزىنى داۋاملىق باش مىنىستىر دەپ ئاتاپ سۈيئىستىمال قىلىشى ۋە شەرقى تۈركىستان سۈرگۈندى ھۆكۈمىتىدىكى بەزى ۋەكىللەرنى «مەركىزى ئاخبارات ئىدارىسى/پېنتاگوننىڭ ئادىمى» دەپ تۆھمەت قىلىشلىرىمۇ ئۇنىڭ بۇنداق بىر ۋەزىپىگە لاياقەتسىز كىشى ئىكەنلىكىنى دەلىللىمەكتە. چىڭگىز ئەپەندى غەرپكە قارشى ۋە ئامېرىكىغا قارشى تەشۋىقات قىلىپ ھۆكۈمىتىمىزنى قىيىن ۋەزىيەتكە چۈشۈرۈپ قويۇشقا تىرىشماقتا. ئۇنىڭ بۇ خىل مەيدانىمۇ ھۆكۈمىتىمىزنىڭ مەيدانى بولالمايدۇ. يەنە تەكىتلەيمىزكى، بىزنىڭ تاجاۋۇزچى خىتايلاردىن باشقا دۈشمىنىمىز يوق! يېقىندا، ئۇ مۇھاجىرەتتىكى شەرقى تۈركىستان خەلقىنى ئافغانىستانغا بېرىپ خىتايغا قارشى ئۇرۇشقا چاقىرىق قىلىشتەك ئالدامچىلىقنى قىلدى. بۇ قارىماققا خەلقنى تاجاۋۇزچىلارغا قارشى كۆرەشكە يېتەكلىمەكچىدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە نادان ياشلىرىمىزنى تۇيۇق يولغا باشلايدىغان دۈشمەنلىكتۇر.

قانۇنى تەرتىپ بويىچە چېكىندۈرۈلگەنلىكىنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلغانلىقى، داۋاملىق ھۆكۈمەتكە قارشى بۇزغۇنچۇلۇق پائالىيەتلىرىنى داۋام قىلغانلىقى، ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ نۇرغۇنلىرىغا تۆھمەت ۋە ھاقارەتلىك ئىبارىلەرنى ئىشلىتىپ ھۇجۇم قىلىشتىن توختىمايۋاتقانلىقى، خەلقىمىزنى ئافغانىستانغا بېرىڭلار دەپ بىھۇدە ئىنكاسى سەۋەبلىك (ئۇلارنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يەتكۈزمەكچى)، 2019-يىل 30-ئاۋغۇست جۈمە كۈنى ئىسمائىل چىڭگىز ئەپەندى شەرقى تۈركىستان سۈرگۈندى پارلامېنتىدىن مەڭگۈلۈك چېكىندۈرۈلدى.

بىز يەنە بىر قېتىم -خەلقارا جەمىيەت، خەلقارا تېرورىزىمغا قارشى تەتقىقاتچىلار ۋە شەرقى تۈركىستان خەلقىگە-ناھايىتى ئېنىق قىلىپ بايانات بېرىمىز: ئەنۋەر يۈسۈپ تۇرانى، چىڭگىز ئەپەندىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ھەمتاۋاقلىرى ھېچقاچان شەرقى تۈركىستان سۈرگۈندىكى ھۆكۈمىتىگە ۋەكىل بولالمايدۇ، شەرقى تۈركىستان خەلقىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان سالاھىيىتى يوق.

مەزكۇر باياناتنامە يەنە ئەنۋەر يۈسۈپ تۇرانى ئەپەندى بىلەن ئىسمائىل چىڭگىز ئەپەندىلەرنىڭ، شەرقى تۈركىستان سۈرگۈندى ھۆكۈمىتى بىلەن ھەرقانداق مۇناسىۋىتى بارلىقىنى داۋاملىق جاكارلاشتىن دەرھال توختۇشى ئۈچۈن ئاگاھلاندۇرۇش رولىنى ئۆتەيدۇ.

**غۇلام ئوسمان،**

دۆلەت رەئىسى

**ئابدۇلەھەد نۇر،**

باش مىنىستىر

**خاجى مامۇت،**

باش مىنىستىرنىڭ

**ئىليار شەمسەددىن،**

پارلامېنت رەئىسى

**سالىھ خۇدايار،**

تاشقى ئىشلار مىنىستىرى

**ئۇمىت ئۇيغۇر،**

مالىيە مىنىستىرى